# 106451 ـ روزىدار كىشىنىڭ ھور ياكى تۈتۈن چىقىرىدىغان ئۈسكىنىلەرگە يېقىن ئولتۇرىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سوئال

رامزاننىڭ كۈندۈزدە ھور ياكى تۈتۈن چىقىپ تۇرىدىغان ئۈسكىنىلەرگە يېقىن ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مېنىڭ دائىملىق قىلىدىغان ئىشىم، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق، لېكىن ھور ياكى تۈتۈننى سۈمۈرۈش ئۈچۈن قەستەن يېقىن ئولتۇرماسلىق كېرەك، ئەگەر ئۇنى مەقسەت قىلمىغان ۋە خالىمىغان ھالەتتە ھور ياكى تۈتۈن دىمىغىدىن ياكى ئېغىزىدىن كىرىپ كەتسە بۇنىڭ روزىغا زىيىنى بولمايدۇ.

["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى رامىزان پەتىۋاسى" 281-بەت].